# ئى ئاللاھ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىمۇ ياخشى كۆرگىن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: مەن مەدىنىنىڭ بازارلىرىدىن بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتقاندا بىرگە قايتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم: «نەۋرەم قېنى؟، ھەسەن ئىبنى ئەلىنى چاقىرغىن» دېدى، ھەسەن ئىبنى ئەلى بويىنىغا بويۇنچۇق ئاسقان ھالەتتە كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غۇلىچىنى ئاچتى، ھەسەن ئىبنى ئەلىمۇ غۇلىچىنى ئاچتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىمۇ ياخشى كۆرگىن» دېدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماڭا ھېچ كىشى ھەسەن ئىبنى ئەلىدەك ياخشى كۆرۈلىدىغان بولمىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەدىنىنىڭ بازىرىدا بىللە ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازاردىن قايتقاندا بىرگە قايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سوراپ: «نەۋرەم قېنى؟ ئۇنى ماڭا چاقىرىپ بېرىڭلار» دېدى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېڭىپ كەلدى، ئۇنىڭ بويىنىغا بويۇنچۇق ئېسىقلىق ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇچاقلاش ئۈچۈن غۇلىچىنى يايدى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قولىنى سوزدى، ئىككەيلەن قۇچاقلاشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىمۇ ياخشى كۆرگىن» دېدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماڭا ھېچ كىشى ھەسەن ئىبنى ئەلىدەك ياخشى كۆرۈلىدىغان بولمىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/11171

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee